# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
7
سەيشەنبە
维吾尔文 1 月7日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24933 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ كىرىباتى زۇڭتۇڭى ماماۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى

## شى جىنپىڭ لائوس زۇڭلىسى تۇڭ لۇن بىلەن كۆرۈشتى

## «شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان مۇھىم سۆزلىرى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

2 ـ بەتتە

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ئېچىلدى

## چېن چۈەنگو، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى

## شۆھرەت زاكىر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى شاۋكەت ئىمىن رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، جاۋ جيېۇن، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. 500گە يېقىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئېلىپ يىغىنغا قاتنىشىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىدۇ.

شىنجاڭ خەلق سارىيىدا كەيپىيات كۆتۈرەڭگۈ، قىزغىن ئىدى، دۆلەت گېربى رەئىس سەھنىسىنىڭ ئارقا پەردىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان بولۇپ، ئون قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە تىزىلغانىدى.

قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى، ئىجرائىيە رەئىسلىرىدىن چېن چۈەنگو، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن


1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. سۈرەتتە: يىغىن نەق مەيدانى. □ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى

ۋە قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزالىرى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 536 كىشى. بۈگۈن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل 481 كىشى بولۇپ، قاتناشقان ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللىر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىغا يۈز كېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىغا يۈز كېلىپ، تىرىشىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

نەيىم ياسىن، شۈ خەيرۇڭ قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

قاراپ چىقىشتا، ياسىن سىدىق، سۇ يۈ، سىدىق ياسىن، ماھنۇر ئۆمەر، ئەنۋەر كېرەم، لىيۇ خۇي، ۋاڭ شىنشياڭ، ما جىنگو، ۋاڭ يۆفۇ، گاۋ شىمېي قاتارلىق ۋەكىللەر بەس ـ بەستە سۆز قىلدى، يىغىن مەيدانىنىڭ كەيپىياتى قىزغىن بولدى.


1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى. □ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو سۆز قىلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا تامامەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ئۆتكەن بىر يىلدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشقان

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ما جىنگو:

**دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى**

شىنجاڭدا، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى. ھازىر بەزىلەر دۆلىتىمىزنىڭ دىن سىياسىتىگە تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. مەن مەردانىلىك بىلەن بارلىق كىشىلەرگە جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ ئېنىق يېزىلغانلىقىنى ئېيتىمەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە دىن ئىشلىرىنى باشقۇردى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى تامامەن دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىمىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**ۋەكىللەر، ئەزالار ساداسى**

«پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىلدى!» 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى قاراپ چىقىش ۋە مۇزاكىرە جەريانىدا، ھەر مىللەت ۋەكىللەر، ئەزالار چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ بىرنەچچە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئۆزىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىدى.

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى مېھرىگۈل غوپۇر

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاmma بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى ——

## دەۋر بۇرچىنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمىز

دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئېلان قىلغان 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاmma ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئىللىق ھەم چوڭقۇر، كۈچكە تولغان بولۇپ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. چوقۇم رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ، يېڭى بىر يىلدا داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، دەۋر بۇرچىنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمىز.

### قەلبلەرنى ئىللىتىپ روھنى ئۇرغۇتۇش، تولۇق غەيرەتكە كېلىش

«شەخسلەر تاپاۋەت بىجىنى ئېلىش چېكى ئۆستۈرۈلدى، پۇقرالار دائىم ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن دورىنىڭ باھاسى تۆۋەنلىتىلدى...» رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى بىر يىلدىن بۇيانقى يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىياتنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تولۇپ تاشقان ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىنى نامايان قىلدى.

ئەتراپىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغاندا، كۇنەس ناھىيەسى كەڭسۇ بازىرى كەڭسۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بۇبسارە ئابدۇكېرىم پىششىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. 2019 ـ يىلى كەڭسۇ كەنتىنىڭ كەنت قىياپىتىدە ناھايىتى زور ياخشىلىنىش بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ ئاشتى. «بۇ يىللاردا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، تۇرمۇشىمىزمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى» دېدى بۇبسارە.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ خۇڭچىپو دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئولتۇرۇشلۇق خۇرشىدە تۇرغۇن بىر يۈتكەش ـ توشۇش ماشىنىسى شوپۇرى بولۇپ، ھەر ئايدا 5000 يۈەندىن كۆپرەك مائاش ئالىدۇ، شەخسلەر تاپاۋەت بىجى ئېلىش چېكى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا كىرىدىغان بولدى. «بۇ يىل مەن غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، كۆپرەك يېڭى تېخنىكا ئىگىلەپ، تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمەن».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر قەشقەر ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھاللىق جەمئىيەتنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى قەشقەر ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كېلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### شاۋكەت ئىمىن تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## ھەقىقىي تۈرتكۈ بولۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چوڭكۆرۈپ جاۋابكارلىق ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيېۇن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### نۇرلان ئەبىلمەجىن ئىلى ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### سۈن جىنلۇڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زېچ چۆرىدەپ، بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيى سۈن جىنلۇڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### لى پېڭشىن ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى

## ئەمەلىي ئىشلەپ پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)